# 星瀚灿烂

## 新疆农、牧、林、渔场纪实



F327.45
(W)2
XT0-0077917

# 星瀚灿烂

## 新疆农、牧、林、渔场纪实

新疆维吾尔自治区图书馆XT0-0077917

《星瀚灿烂》编委会编辑
新疆美术摄影出版社出版

# كىرىش سۆز

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى، كىچىكلىكتىن زورايدى، ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدىن زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىپ، شانلىق ئىگىلىك تىكلەش يولىنى بېسىپ ئۆتتى. كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر پارتىيە ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاخىر چۆللۈكنى ياپيېشىل بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپ، مىڭ يىللىق چۆلدە 10 مىڭلىغان گېكتارلىق ياپيېشىل ئېتىزلارنى، كۆز يەتكۈسىز ئوتلاق، ئورمانلىقلارنى بەرپا قىلدى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققى قىلدۇرۇش يولىدا قان - تەرىنى ئاققۇزدى، ياشلىق باھارىنى تەقدىم قىلدى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرە قالدۇردى.

بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بۇ كارخانىلار كارخانا ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۇرۇپ، ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاپ، يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈپ، بازارنى توغرىلاشتا چىڭ تۇرۇپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ، 2 - ، 3 - كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا، كۆپ خىل ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق، پىششىقلاپ ئىشلەش، سودا ئوبوروتى، بىناكارلىق، مۇلازىمەتچىلىك كەسىپلىرىنى تەڭ راۋاجلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، داڭلىق، ئەلا سۈپەتلىك، يېڭى مەھسۇلاتلارنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى، بەزى كارخانىلار پەيدىنپەي سىرتقا يۈزلەنگەن كارخانىلارغا ئايلىنىپ، مەھسۇلاتلىرىنى ياپونىيە، ئامېرىكا، ئاسىيا، ياۋروپا ۋە جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەر قايسى جايلارغا چىقىرىپ ساتتى؛ بەزى كارخانىلار تېزلىكتە ئۆز يېرىدىكى تاۋار ئاشلىق، پاختا بازىسىغا، شەھەر ۋە زاۋۇت، كان رايونلىرىدىكى قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بازىسىغا، دېھقانچىلىق، قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىش بازىسىغا ئايلاندى؛ بەزى كارخانىلار پەن - تېخنىكىغا قاراپ بۇرۇلۇش ياساپ شۇ يېزىلاردا يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىدا ئۈلگە كۆرسىتىشتىكى ئاكتىپ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. قىسقىسى، شىنجاڭنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق ئىشلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇشىدا سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر مۇھىم كۈچكە ئايلاندى.

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرلىك دېھقانچىلىق مەيدانىدىن 46 سى، چارۋىچىلىق مەيدانىدىن 183 سى، ئورمانچىلىق مەيدانىدىن 104 تى، بېلىقچىلىق مەيدانىدىن 52 سى بار. يەنە زور بىر تۈركۈم كارخانىلاشقان باشقۇرۇشتىكى ئىش مەيدانلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا 243 مىڭ 700 ئىشچى - خىزمەتچى بار. بۇ كارخانىلار بىپايان شىنجاڭ زېمىنىغا تارقالغان بولۇپ، نۇر چېچىپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا ئوخشاش كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىيات ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق مەيدانلىرىدىكى ئېتىزلار170 مىڭ 420 گېكتارغا، چارۋا 4 مىليون 635 مىڭ تۇياققا، بېلىقچىلىق مەيدانى 3700 گېكتارغا، ئورمانلىق 2 مىليون 780 مىڭ گېكتارغا يەتتى. 1994 - يىلى، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا بويىچە) 3 مىليارد 300 مىليون يۈەن بولدى.

بۇ يىل 8 - بەشيىللىق پىلاننىڭ ئاخىرقى بىر يىلى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىغا 40 يىل توشقان يىل، شىنجاڭ ھازىر ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئېرىشىش تەس بولغان پۇرسەتكە دۇچ كەلمەكتە، بىز بۇ رەسىملىك كىتابنى نەشر قىلدۇرۇش ئارقىلىق، جانلىق سۈرەتلەر ۋە ئەمەلىي ماتېرىياللار ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈپ، نەتىجىلەرنى خۇلاسىلاپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق ئىشلىرىدا تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ تېز تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆزدە تۇتتۇق. شۇنداقلا، بۇ رەسىملىك كىتاب ئارقىلىق، كىتابخانلارنىڭ شىنجاڭنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىنى، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ ئۇلارنى قوللىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# 前　言

新中国成立以来，新疆维吾尔自治区国有农、牧、林、渔场，从无到有，从小到大，从传统向现代化，走过了光辉的创业道路。广大职工在党和政府的正确领导下，发扬自力更生、艰苦奋斗的精神，克服重重困难，终于将戈壁沙滩建成了郁郁葱葱的绿洲，千年荒漠改造成万顷碧波的良田和广阔无垠的草场、森林。他们为新疆的农业发展，倾注了心血，贡献了青春，为自治区的社会主义建设事业树立了一块丰碑。


特别是党的十一届三中全会以来，这些企业不断深化改革、完善承包经营、兴办家庭农场、改变生产条件、实行科技兴农，坚持以市场为导向，调整产业结构、发展二三产业，在努力发展农、牧、林、渔生产的基础上，大力发展多种经营，使企业的农牧林渔业、加工业、商贸流通业、建筑业、服务业共同发展。同时，大力发展名、优、特、新产品。有的企业逐渐向外向型企业转化，产品远销日本、美国、亚欧及东南亚各地；有的企业迅速成为当地商品粮棉基地、城市及工矿区的副食品基地，农副产品的外贸出口基地；有的企业向科技型转化，对当地农村充分发挥了农业科技示范作用。总之，新疆的国有农、牧、林、渔场已成为自治区工农业生产建设中一支不可忽视的重要力量。

目前，自治区地方国有农场有 46 个，牧场有 183 个，林场 104 个，渔场 52 个。还有一大批企业化管理的事业场，共有职工 24.37 万人。这些企业遍布于浩瀚的新疆大地，犹如灿烂的群星熠熠闪光。通过几十年的建设和发展，自治区国有农、牧、林、渔场已有良田 170.42 千公顷，牲畜 463.5 万头，渔场 3700 公顷，森林 278 万公顷。1994 年实现工农业总产值(现行价)33 亿元。


今年是八五计划的最后一年，也是自治区成立四十周年，新疆正面临着加速经济发展的难得机遇，我们试图通过画册的出版，以生动的画面和翔实的资料，真实反映自治区国有农、牧、林、渔场的发展成果，进一步总结成绩促进发展，扩大开放，使农、牧、林、渔场有更新、更快的发展，同时，希望通过这本画册，使读者对新疆地方国有农、牧、林、渔场的经济发展有较深的了解，以促进社会各界对它们的支持。携起手来，进一步推动农、牧、林、渔场的经济发展，为加快自治区农业现代化进程，作出新的贡献。



江泽民同志在王恩茂、宋汉良、铁木尔·达瓦买提、贾那布尔等同志陪同下视察天山牧场。



李鹏同志在新疆视察农民家庭






自治区党委代理书记王乐泉为《星瀚灿烂》画册亲笔题词："弘扬奋斗精神，办好国有农垦企业。"



自治区主席阿不来提·阿不都热西提为《星瀚灿烂》画册亲笔题词:“发挥国有农牧林渔场在市场经济中的示范带动作用。”

دۆلەت ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق،
بېلىقچىلىق مەيدانلىرىنىڭ بازار ئىگىلىكىدىكى ئۈلگىلىك،
باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرايلى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت

1995 - يىل 28 - ئىيۇن






此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

















此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com